نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى . ئومۇمىي ھۇجۇم داۋاملاشماقتا ⑤

### چىرا ناھىيەسى:

# چىلان كەسپىنى رىقابەت داۋامىدا تېخىمۇ ئەلالاشتۇردى، تېخىمۇ كۈچەيتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يى

چىرا ناھىيەسىنىڭ ئۇزاق چىلان ئۆستۈرۈش تارىخى بار، «چىرا» ئۇيغۇر تىلىدا «چىلان» دېگەن مەنىدە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چىرا ناھىيەسى زامانىۋى باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەپەككۇرى بىلەن ئەنئەنىۋى چىلان كەسپىگە قايتىدىن تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، چىلان كەسپىنىڭ ئۈنۈمدە داۋالغۇش كۆرۈلگەن ئارقا كۆرۈنۈشتە، خاس باغ - ئورمانچىلىق، بولۇپمۇ چىلان كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

نۆۋەتتە، چىرا ناھىيەسىنىڭ چىلان ئۆستۈرۈش كۆلىمى 150 مىڭ مودىن ئېشىپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 30 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون يۈەندىن ئاشتى. چىلان كەسپى شۇ جايدىكى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم ئاساسقا ئايلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا جارى قىلدۇرغان تۈرتكىلىك، يېتەكچىلىك رولى ئۈزلۈكسىز نامايان بولماقتا.

## دېھقانلار كەسپ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر سىڭىشتى

6 - ئاي كىرىشى بىلەن، چىلان چېچەكنى قوغداش، مېۋىنى قوغداشنىڭ ھالقىلىق دېھقانچىلىق پەيتىگە قەدەم قويدى، چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا يېزىسى سىيدەكۆل كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى سەيدىمامۇت مۆمىننىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. شىنجاڭ دامو سىلۇخۇك باغ - ئورمانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكا مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چىلانچى دېھقانلارنىڭ يوپۇرماققا چېچىلىدىغان ئوغۇتنى ئىلمىي، مۇۋاپىق پۈركۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىش، چىلان مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ يېقىنقى نۇقتىلىق خىزمىتى، شۇنداقلا بۇ پۈتۈن يىللىق چىلان مەھسۇلات مىقدارىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھالقا ئىدى.

ئادەتتىكى سۇغىرىش ئىشچىسىدىن كارخانىنىڭ تېخنىكا مەسئۇلى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگىچە، سەيدىمامۇتنىڭ ئۆگەنگىنى چىلان ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە چىلان كەسپىنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات ئەندىزىسى بولدى.

«ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر چىلان ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆلەملەشمىگەن، تېخنىكىمۇ پىششىق يېتىلمىگەنىدى، بۈگۈنكى كۈندە كارخانىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلمىي ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، چىلاننىڭ ئۈنۈمى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولماقتا.» سەيدىمامۇت مۇنداق دېدى: كارخانا بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ سالاھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى.

ھەقىقەتەن، چىلاننى قانداق ئۆستۈرۈشنى ئۆگىنىشكە سېلىشتۇرغاندا، شۇ جايدىكى نامرات ئاممىنىڭ كارخانا ئىشچىلىرىغا ئايلىنىشىدىكى ئۆزگىرىش تېخىمۇ بىۋاسىتە بولدى. سەيدىمامۇتقا ئوخشاش تېخنىكىغا پىششىق دېھقانلار تېخنىك بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان ئاددىي دېھقانلار كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا يەر باشقۇرۇش ئىشچىسى بولدى.

شىنجاڭ دامو سىلۇخۇك باغ - ئورمانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى چېڭ شياۋخۇي مۇنداق تونۇشتۇردى: چىرا ناھىيەسىنىڭ چىلان كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىركىتىمىز كارخانا بىلەن دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىچ چېتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، كارخانا بىلەن دېھقانلار قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنمەكتە.

«بىز ھۆددىگە ئېلىش ئۇسۇلىدا دېھقانلارنى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا بېرىپ ئېتىز پەرۋىشى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلدۇق، كارخانا تېخنىكا يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلىدى ھەم چىلاننى قوغداش باھاسىدا سېتىۋالدى، ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى دېھقانلار ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇردى.» چېڭ شياۋخۇي مۇنداق دېدى: بۇ خىل مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىكى بېسىم يېنىكلەپلا قالماي، يەنە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، دېھقانلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى.



شىنجاڭ دامو سىلۇخۇك باغ - ئورمانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چىلان شاخلىرىنى پۇتاشقا يېتەكچىلىك قىلماقتا. (4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارتىلغان)

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

چىرا ناھىيەسىنىڭ گۈلاخما بازىرى توغرا ئۆستەڭ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى نۇرگۈل ئوبۇلقاسىم بۇ يىل ئېرى بىلەن بىللە 100 مو چىلانلىقنى ھۆددىگە ئېلىپ، سىلۇخۇك شىركىتىگە بېرىپ يەر باشقۇرۇش ئىشچىسى بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، نۇرگۈل ئېرى بىلەن توكسىكلىت مىنىپ ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيىدىن ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ۋاقتىدا ئىشقا بېرىپ، ھۆددىگە ئالغان چىلانلىقنى كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرىدۇ.

«كارخانىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، چىلانلىرىمىز ياخشى ئۆسۈۋاتىدۇ، بۇ يىل كىرىمىمىزنىڭ 70 مىڭ يۈەنگە يېتىشىنى مۆلچەرلەۋاتىمىز.» نۇرگۈل مۇنداق دېدى: بۇ يىل بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزدا مەسىلە يوق.

دېھقانلارنى چىلان كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قاتناشتۇرۇش چىرا ناھىيەسىنىڭ چىلان كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چىرا ناھىيەسى 40تىن ئارتۇق باغ - ئورمانچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى (تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى) قۇرۇپ، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى نامرات دېھقانلاردىن تەشكىللەندى ھەم بىرتۇتاش تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلدى، «شىركەت+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى+نامرات دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسى ئارقىلىق، ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ باغ - ئورمانچىلىق بويىچە ئىلمىي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەم باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، ھەم نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كىرىمنى ئاشۇردى.

## سۈپەت ئۆستۈرۈلۈپ، مو بېشى ئوتتۇرىچە كىرىم 400 يۈەن ئاشتى

چىرا ناھىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چىلان كەسپىدە بازار رىقابىتى كەسكىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، قانداق قىلىپ ئورۇننى توغرا تېپىپ، كەسپ ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك.

بۇ يىل، سىلۇخۇك شىركىتىنىڭ 10 مىڭ مولۇق چىلان ئۆستۈرۈش بازىسىدىكى 4700 مودىن ئارتۇق يەرنى يېشىل يېمەكلىك خام ئەشيا بازىسى دەپ ئېتىراپ قىلىش تاماملىنىپ، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە قاتتىق چەك قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان چىلان يېشىل يېمەكلىك ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلدى.

«خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىغا چەك قويۇلغاچقا، چىلاننىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئادەتتىكى چىلانلىقتىكىدىن تۆۋەن بولىدۇ، ئەمما سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىدىن كەلگەن ئۈنۈم مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئازىيىشىدىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدۇ، ھەتتا ئۈنۈمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.» چېڭ شياۋخۇي مۇنداق دېدى: ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمال ئېڭىدىكى «يېيىش»تىن «ياخشى يېيىش»كە ئۆزگىرىشى، ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلار ئىچىدە سۈپەت ئەۋزەللىكى شەكىللەنگەندىلا، ئاندىن شاللىنىپ كېتىش خەۋپ - خەتىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. سۈپەت ئېلىپ كەلگەن ئۈنۈمنى ئادەتتىكى ھالدا ئاز - كۆپلۈك بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ، بەلكى ئۈنۈمگە تەرەققىيات نەزىرى بىلەن قاراش كېرەك.

بۇلتۇر، سىلۇخۇك شىركىتى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقارغان چىلان ياپراقچىسى يېشىل يېمەكلىك ئېتىراپنامىسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلىندى، كارخانىنىڭ چىلان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تەخمىنەن 20% ئاشتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن ئىبارەت ئاساسقا ئىگە بولغانلىقتىن، كارخانىنىڭ نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش جەھەتتىكى قەدىمى تېخىمۇ زورايدى.

«بىز ئەتراپتىكى كەنتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرنى كارخانىمىزغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىشلەشكە قەرەللىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇردۇق.» چېڭ شياۋخۇي مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە كارخانىمىز 110 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 1000دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى دېھقاننىڭ چىلان ئۆستۈرۈش ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ چىلان پىششىقلاش، يىغىش قاتارلىق پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولدۇق.

ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشى چىلان كەسپىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چىرا ناھىيەسى باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، خاس باغ - ئورمانچىلىقتا تولۇقلاپ تىكىش ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە باغ - ئورمانچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسىدىن 160نى قۇرۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باغ - ئورمانچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تەدبىرلىرىنى كېڭەيتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، چىرا ناھىيەسىدە چىلاننىڭ بىرلىك ھوسۇلى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مو يەردىن نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى 400 يۈەن ئەتراپىدا ئاشقان.

## ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا پىششىقلاش تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى

باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سىجىل تەرەققىياتى كەسپلەشتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا دەسلەپكى پىششىقلاش كەسپلەشتۈرۈشتىكى بىرىنچى قەدەم، شۇنداقلا چىلاننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىدىن تاۋارغا ئايلىنىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر قەدەم.

بۇ يىل، چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا يېزىسى ئارىش كەنتىدە، شىنجاڭ شامو چىلانچىلىق چەكلىك شىركىتى قۇرغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 80 مىڭ كىۋادرات مېتىرغا يېقىن كېلىدىغان چىلاننى دەسلەپكى پىششىقلاش سېخى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، چىلاننى دەسلەپكى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈچ لىنىيەنىڭ تەييارلىقى پۈتۈپ، پات يېقىندا مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان چىلانلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

شىنجاڭ شامو چىلانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لى پېڭ مۇنداق دېدى: پىششىقلاش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى چىرا ناھىيەسىنىڭ چىلان كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى بوغما ھالەت بولۇپ، پىششىقلاش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چىلان كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتقاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە چىرا چىلىنىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى كەسپ ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، شامو چىلانچىلىق شىركىتى ھەر يىلى 8000 توننا چىلاننى دەسلەپكى پىششىقلاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولۇپ، كارخانىنىڭ ئۆزىنىڭ مەھسۇلات پىششىقلاش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە ناھىيە تەۋەسىدىكى باشقا چىلان ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ۋاكالىتەن پىششىقلاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى چىلان چىقىدىغان جايلارنىڭ دەسلەپكى پىششىقلاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

«يۇيۇش، قۇرۇتۇش قاتارلىق دەسلەپكى پىششىقلاشتىن ئۆتكەن چىلانلارنىڭ باھاسى 5% يۇقىرى بولىدۇ.» لى پېڭ مۇنداق دېدى: دەسلەپكى پىششىقلاش داۋاملاشما ئىنچىكە پىششىقلاشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئاساسى، كارخانىمىز چىلان چىقىدىغان جايلارنىڭ دەسلەپكى پىششىقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، چىلان كەسپ زەنجىرى ۋە قىممەت زەنجىرىنى تەدرىجىي ئۇزارتىپ، چىلاننى چىرا ناھىيەسىنىڭ بېيىش كەسپىگە ھەقىقىي ئايلاندۇرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىكى سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، چىرا ناھىيەسى شۇ جايدىكى باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ، چىلان، ياڭاق قاتارلىق باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى چىقىدىغان جايلاردا دەسلەپكى پىششىقلاشنى پائال قانات يايدۇردى ھەم چىلان سودا بازىرى ئارقىلىق بىرتۇتاش ئۆلچەم بېكىتىپ، باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ چىلان سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ھەم مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، باغ - ئورمانچىلىق كىرىمى چىرا ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 20%نى ئىگىلىدى، چىلان، ياڭاق قاتارلىق باغ - ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ پۈتۈن ناھىيەنىڭ يېتەكچى كەسپى بولۇشتەك مۇھىم ئورنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تىرەككە ئايلاندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى ناھىيەسى قار - مۇز كىچىك بازىرى قاتارلىق كۆپلىگەن مەنزىرە رايونلىرىدىكى دۆەنۆۋ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى خاس پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ساياھەت بايرىمىغا تاراتقۇ مۇخبىرلىرى، ساياھەت دارىنلىرى، توردا ئالقىشلانغانلار قاتارلىقلار ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ھەم ھەرقايسى مەنزىرە نۇقتىلىرىدىكى خاس پائالىيەتلەرنى سۈرەتكە ئېلىشقا تەكلىپ قىلىنىدىكەن، ھەم كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق دوۋيىن، كۇەيشوۋ، مىكرو بلوگ قاتارلىق ھەرقايسى چوڭ يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرىدا تونۇشتۇرۇپ تەشۋىق قىلىنىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇنىدىكەن.

شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى(مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى) يەنە ئۈرۈمچىدە دۆەنۆۋ بايرىمىدىن يازلىق تەتىل مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 35 تۈرلۈك مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتىنى ئېلان قىلدى.

باشلىنىش مۇراسىمىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى(مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى) نەق مەيداندا ساياھەت ئىستېمال بېلىتىدىن 3000نى تارقاتتى، شۇ كۈنى توردا تارقىتىلغان ۋە نەق مەيداندا تارقىتىلغان ساياھەت ئىستېمال بېلىتى 10 مىڭغا يەتتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىمۇ ئوخشاشلا قويۇق بايرام كەيپىياتىغا تولدى، 1000 كىشى بىرلىكتە «جۇدالىق زارى» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، «سىياھ پۇرىقى يەر - جاھاننى قاپلىدى، ھۆسنخەت، رەسىملەر بىلەن بەخت تىلەندى» قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، «جۇدالىق زارى شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىش چۈ يۈەننىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ياد ئېتىش» باش تېمىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ۋاقىتقا بۆلۈپ ئالدىن كېلىشىش، چەكلىك ساندا ئېچىۋېتىش، مەنزىرە رايونىنىڭ ئېقىم مىقدارىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ توپلىشىشىنىڭ ئالدىنى قاتتىق ئېلىش... دۆەنۆۋ مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» پائالىيىتىنى ئالغا سىلجىتتى.

شۇ كۈنى، قاناس مەنزىرە رايونى، كۆكتوقاي مەنزىرە رايونى، جىمنەي يادلىقى تاش شەھەر مەنزىرە رايونىمۇ مول مەزمۇنلۇق رەڭدار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، «دۆەنۆۋدا زوڭزىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ سەپەرداش بولۇش» قاناس يۈەنشىنىڭ تورى ئاممىۋى پاراۋانلىق پائالىيىتى، «دۆەنۆۋدا ساياھەتكە چىقىش» قاناس يۈەنشىنىڭ توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى مەخسۇس مەيدان قاتارلىقلاردىن ساياھەتچىلەر مېھرىنى ئۈزەلمىدى.

نارات مەنزىرە رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆەنۆۋ بايرىمى . نارات يايلىقىدىكى يۇلتۇزلۇق دالىدا قونۇش يىغىلىشى يۇلتۇزلۇق دالىدا قونۇش، گۈلخان مۇزىكا كېچىلىكى، بوشلۇقتىكى يايلاقتا كۈن چىقىشنى كۆرۈش، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ھېس قىلىش، تيەنشېنتەيگە پىيادە چىقىش، تاش رەسىم ياساش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. «بۇ قېتىم دەل دۆەنۆۋ بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپتىمىز، تۇنجى قېتىم ئۆيدىكىلەر بىلەن دالىدا قوندۇق، يەنە مۇزىكا ئەترىتى ئورۇنلىغان مۇزىكىلارنى ئاڭلىدۇق، بەك پۇخادىن چىقتىم» دېدى غۇلجا شەھىرىدىن كەلگەن ساياھەتچى جوۋ يۈتىڭ.

«كىچىك ماھىرلارنىڭ زوڭزا تۈگۈش مۇسابىقىسى، بىنەم يەردە ئەجدىھا قولۋاق ھەيدەش مۇسابىقىسىدىن باشقا، بىز يەنە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئويۇنى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدۇق. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ساياھەتچىلەرگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلدۇردۇق، بايرامغىمۇ خۇشال كەيپىيات قوشتۇق» دېدى ئاۋات ناھىيەسى دولان قەبىلىسى مەنزىرە رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى پېڭ جىڭ تونۇشتۇرۇپ.

جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىپ كەنت - مەھەللىلەرنى سەيلە قىلىش، دۆەنۆۋدا تىلەك تىلەش، قىزىقارلىق چوكا تاشلاش ئويۇنى، يەنە سۇ چېچىش جېڭى، سۇغا چۆشۈپ بېلىق تۇتۇش، «كاۋاپ+گۈلخان+يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاستىدىكى چېدىر» قاتارلىق ساياھەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى دۆەنۆۋلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونى ئادەملەر بىلەن تولۇپ، ئىنتايىن قىزىپ كەتتى.

توقسۇ ناھىيەسىدىكى قۇملۇق خۇاخەي مەنزىرە رايونىدا ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر كېلىدىغان «ھەسەن - ھۈسەن تېپىلىش يولى» ھەمدە «توردا ئالقىشلانغان كۆۋرۈك» ساياھەتچىلەرنىڭ ئىنتايىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. «بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ياقتۇرىدىغان توردا ئالقىشلانغان تۈرلەر، ھەم قىزىقارلىق، ھەم بېسىمنى يېنىكلىتىدۇ، بىز ياشلارنىڭ ئوينىشىغا ئىنتايىن ماس كېلىدىكەن» دېدى توقسۇ ناھىيەسىدىن كەلگەن ساياھەتچى نيۇ لى خۇشال ھالدا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)